# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي

21

شەنبە

维吾尔文 9月21日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24825 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ كېلىشكىنى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېلىشكىنى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ـ سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتى ئومۇمىيۈزلۈك تېز تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرىدىغان مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھلىرى. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىنى تەرىپلەيدۇ، جۇڭگو تەرەپ ئوخشاشلا سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇش، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك

لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى ۋاڭ ياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى



9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش زالىدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى




9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش زالىدا ئېچىلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى راۋ ئەيمىن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ياڭ ۋېيخەن، لىن خۇي)** مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشنىڭ باش ئوقى قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە قويۇلغان تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتەك سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ 2019 دۇنيا ياسىمچىلىق يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 دۇنيا ياسىمچىلىق يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدە باشلاندى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر، يەر شارىۋى ياسىمچىلىق چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ۋە كەسىپ ئىنقىلابى پۇرسىتىنى ئورتاق ئىگىلەپ، ياسىمچىلىق تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ياسىمچىلىقنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ياسىمچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلدى. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە ياسىمچىلىقتىكى يېڭى تېخنىكىلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

## بىر مەقسەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىدىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى جۇشقۇن كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، بىر مەقسەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ھەم قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 12 نامرات ناھىيەنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، كۈچىنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ھەم قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 12 نامرات ناھىيەنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان نامرات ناھىيەلەرنىڭ قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)